## 14263 ـ ئىھراملىق كىشى ئاياغ كىيىمى كىيسە توغرا بولامدۇ؟

**سۇئال**

ئىھراملىق كىشى شوينىلىق ئاياغ كىيسە توغرا بولامدۇ؟ ئىھراملىق كىشىنىڭ ئاياغ كىيىشى چەكلەنگەنلىك توغرىسىدا دەلىل بارمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

ئىھراملىق كىشىنىڭ ئاياغ كىيىمى كىيىشى سۈننەت بولۇپ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئىھرامغا كىرسە، ئاستى ئۈستى  ۋە ئىككى كەش بىلەن ئىھرامغا كىرسۇن ».

ئىھرامغا كىرگەن كىشى ئەڭ ياخشىسى شوينىلىق، قونچلۇق ۋە قىشلىق ئاياغلارنى كىيمەسلىكى كېرەك، ئەگەر ئاياغ كىيىم كىيمەي ئىھرام كىيسىمۇ بولىدۇ". ["ئىسلام پەتىۋاسى" 2-توم 232-بەت].

پەيرۇز ئابادىي"قامۇس ئەلمۇھىيت" ناملىق ئەسەرنىڭ 1374-بېتىدە: ئىنسانىنىڭ پۇتىنى زېمىندىن ساقلايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلدۈرىدۇ، ئاياغنىڭ شوينىلىق ياكى شوينىسىز بولىشى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، ھەر قانداق ئاياغ بىلەن ئىھرام كىيسە توغرا بولىدۇ دەيدۇ".

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.